نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى 

# كەنتلەردە تۇرۇشلۇق 76 مىڭ كادىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە «ئىمتىھان بەردى»

ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش تەنتۇر ساناق ۋاقتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقى باھار تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 مىڭدىن ئارتۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتلەردە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى 76 مىڭدىن ئارتۇق كادىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، تەپەككۇرنى كېڭەيتىپ، پۇختا ھەرىكەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاش، قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا.

## باش قاتۇرغاندا ياخشى ئامال تېپىلىدۇ

«بۇلتۇر ئايپار شۇجى ماڭا خىزمەت تونۇشتۇرغاندى، ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ يىل مەن چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن!» «ئايپار شۇجى بولسىلا، بىز يولۇققان قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭەلەيمىز».

كەنت ئاھالىلىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايدىغان «ئايپار شۇجى» قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى بارىن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى، 29 ياشلىق ئايپار ئەسقەر ئىدى. بارىن كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى بوغما ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇ ياشلارغا خاس تەپەككۇرى جانلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى 847 مو يەرگە سامساق تېرىشقا يېتەكلەپ، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتتى؛ نانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى شۇ كەنتتىكى 30 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ كەنت قۇرغان كارخانا 131 ئائىلىدىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ بەش باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى 200 ئائىلىلىك باقمىچى ئاھالىنىڭ كارخانا «نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى»غا چىقىشقا تۈرتكە بولدى... ئايپارنىڭ چارىسى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

«بۇ يىل، ھويلىسىدا كۆكتات تېرىشتىنلا ھەربىر ئائىلە كىرىمنى ئاز دېگەندە 1300 يۈەن ئاشۇرالايدۇ.» 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، خوتەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن خوتەن شەھىرىنىڭ تۇساللا بازىرى يۇخي كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ۋاڭ جۈن كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلىدىكى كىچىك لاپاستا شوخلا، لازا مايسىلىرىنى كۆچۈرۈپ تىكىشكە تەشكىللەۋاتاتتى.

دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋاڭ جۈن مەبلەغ توپلاپ كەنتتە ئېلېكترونلۇق نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇپ، 13 نامرات ئايالنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. كەنتتە نۇرغۇن ياڭاق دەرىخى بار ئىدى، ئۇنىڭ مەبلەغ توپلىشى بىلەن ياڭاق شاكىلىنى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، تاشلاندۇق ياڭاق شاكاللىرى پىششىقلىنىپ، نېفىتلىكتە قۇدۇق بۇرغىلاشقا كېرەكلىك بولغان سانائەت خام ئەشياسىغا ئايلاندۇرۇلدى.

بېيىش يولى كېڭەيگەندىن كېيىن، يۇخي كەنتى 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نامرات كەنتلەر تىزىملىكىدىن ئۇتۇقلۇق چېكىنىپ چىقتى.

## كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئالدىراش بولۇپ كېتىش

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەندىلا، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتىدىن خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسى شولاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى شى ۋېنخەي كەنت ئاھالىسى ئوغۇلنىيازخان ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كۆچمە تاماق ھارۋىسىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى سورىدى.

«تېز تاماقتىن باشقا، مەن يەنە قېرىن ۋە قوناق سۈيۈقئېشىنى كۆپەيتتىم، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياقتۇردى! مەن يەنە نېمە قارا تۇخۇسى بېقىشقا تىزىملىتىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.» ئوغۇلنىيازخان ماسكا تاقىۋالغان ۋە پەلەي كىيىۋالغان بولۇپ، تاماق ھارۋىسىنىڭ ئىچى - سىرتىنى پاكىز سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ خىل غەيرىتى تولۇپ تاشقان ھالىتىدىن شى ۋېنخەي ئىنتايىن خۇشال بولدى.

شولاق كەنتى 2014 - يىلى ئېغىر نامرات كەنت قىلىپ بېكىتىلگەندى، بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 2019 - يىلى 12 - ئايدا بۇ كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن بارلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. «بۈگۈنكى كۈندە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز تېخىمۇ كۈچەيدى.» شى ۋېنخەي مۇخبىرغا كېيىنكى قەدەمدە كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى توكچىلىق، كەپشەرلەش، مېتال كېسىش ئالاھىدە مەشغۇلات كۇرسى ئېچىپ، ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملار شەھەرچىسى قۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ «بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەتكۈزۈپ، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش» نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ تېرىم يېزىسى باشتېرىم كەنتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتتى. بۇ كەنت ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ «كۆك - تاق»نى كۈچەپ بەرپا قىلماقتا.

كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بالدۇر ھەرىكەتكە كېلىپ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن بۇرۇن 67 چوڭ پارنىك ۋە 379 ئەگمە پارنىكتا كۆكتات تېرىشنى تاماملىدى. «نۆۋەتتە چوڭ پارنىكتىكى كۆكتات مايسىلىرىنى كۆچۈرۈپ تىكىشكە بولىدۇ، ئەگمە پارنىكتىكى كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈشىمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، يەنە 20 كۈندە يوۋبەيسەي قاتارلىق ئۆسۈش مەزگىلى قىسقىراق بولغان كۆكتاتلارنى بازارغا سالغىلى بولىدۇ» دېدى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ تىيانشان كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىدىن پەيزاۋات ناھىيەسى تېرىم يېزىسى باشتېرىم كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى جياڭ خۇي.

## ئامما بىلەن بولغان ھېسسىيات بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىش

ئاممىغا خىزمەتنى قانداق ئىشلەش كېرەك؟ شەھەردىن يېزا - كەنتلەرگە كەلگەن ھەربىر كادىر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر مەسىلە، ئۇلار ئەمەلىيەت داۋامىدا ئاممىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن جاۋاب ئىزدەپ، يېڭى ھاسىلاتقا ئىگە بولدى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى پارچە چوكا كەنتى پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى، كەنت ئاھالىلىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بەس - بەستە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. «تىزىملاتقان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بېشىمىزنى قاتۇردى» دېدى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىدىن مۇشۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى قۇربانجان يۇنۇس كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاممىنىڭ قوللىشى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىن كەلگەن. خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات يېيىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەمىيىنى تومپايتتى. كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ قول ھۈنەر ياغاچچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە يېڭىشەھەر ناھىيەسى سېيۈەن پەلەي زاۋۇتى پارچە چوكا كەنتى شۆبە زاۋۇتى قاتارلىق ئون ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇردى، كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بار ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن 159 نامرات ئائىلىدىن بىردىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسى پىلال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ۋاڭ ئېرلىنىڭ كەنتتە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش غەيرىتىنىڭ شۇنچە تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كەنتتە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىش بولدى، كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى كۈچەيدى، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىشىدىكى «ئېچىلىك داستىخىنىم»غا ئايلاندى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەمىيىنى بارغانسېرى تومپايدى، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى ئىنتىلىشىگە ئايلاندى... «بۇ بىرنەچچە يىلنى ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم، كەنتىمىزنىڭ بۇ يىل پات ئارىدا پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن چېكىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىساملا، غەيرىتىم تولۇپ تاشىدۇ!» ئۇنىڭ سۆزىگە چوڭقۇر مۇھەببەت سىڭگەنىدى.

**(مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن، قاتناشقان مۇخبىرلار خەن چىنيەن، ما يىنىڭ، مېھرىگۈل غوپۇر، ياڭ شۇخەن، مېھرىگۈل ناسىر، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جياڭ شۆگاڭ)**

# ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق «يېڭى مودا»غا ئايلاندى

—— ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرىنىڭ ئاشخانىدا تاماق يېيىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېي

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاش قارايغاندا، ماسكا تاقىۋالغان خېرىدارلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭچۈن يولى خېڭشۈن كوچىسىدىكى يۈيۈ بېلىق خوگوخانىسىغا كەلدى، ئۇلار ئىشىكتىن كىرگەندە ئالدى بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىش، ساغلاملىق ئۇچۇرىنى تىزىملىتىش، ئاندىن قولى ۋە شەخسىي بۇيۇملىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇشتەك ئۈچ تەرتىپنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندى.

تارقاق غىزالىنىش رايونىنىڭ ئەسلىدىكى 22 تاماق ئۈستىلىدىن پەقەت 11ىلا ئىشلىتىلىپ، مېھمانلار ئۈستەل ئايرىپ غىزالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يېتەرلىك ئارىلىق قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەربىر تاماق ئۈستىلىگە قورۇما قىسقۇچى، ئاممىۋى قوشۇق ۋە بىر جۈپ ئاممىۋى چوكا قويۇلغان بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئورتاق ئىشلىتىدىغان قاچا - قۇچىلارنى ئىشلىتىپ غىزالىنىشى ئەسكەرتىلدى.

«تارقاق غىزالىنىش رايونىدا خېرىدارلار ئورۇن ئايرىپ ئولتۇرىدۇ، ئۈچ كىشىدىن كۆپ بولسا بىز دېزىنفېكسىيە قىلىنغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئايرىمخانىدا تاماق يېيىشنى ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېدى ئاشخانا مەسئۇلى جوۋ جىگاڭ.

شەھەر ئاھالىسى خېڭ دۇڭ ئائىلىسىدىكى تۆت جان ئون كىشىلىك بىر چوڭ ئايرىمخانىغا باشلاندى، ئورۇندۇقلار بىر مېتىردىن ئارتۇق ئارىلىق تاشلاپ قويۇلغاندى، مەززىلىك مالاشياڭگو قاتارلىق سەي تۈرلىرى ئۈستى يېپىقلىق ھالەتتە تاماق ئۈستىلىگە ئېلىپ كېلىندى، ئاشخانا يەنە ھەربىر ئادەمگە بىر قېتىملىق پەلەي تارقىتىپ بەردى. «باللار شياڭگو يېيىشكە ئامراق، گېپىنى قىلغىلىمۇ ئۇزاق بولدى، بىز بۇ ئاشخانىنىڭ كونا خېرىدارى، ئاشخانىلاردا تاماق يېيىش ئەسلىگە كەلگەن ھامان باللارنى ئېلىپ كەلدۇق.» خېڭ دۇڭ مۇنداق دېدى: «ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىش بىر ياخشى ئادەت، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ياخشى ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك».

ئاشخانىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىغا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر قويۇلغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. «خېرىدارلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، گۈللەر ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتىدۇ، خېرىدارلارغا ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى جوۋ جىگاڭ.

ئاشخانىلاردا تاماق يېگىلى بولغاندىن سىرت، مۇخبىر يەنە خېرىدارلارنىڭ تاماقنى قاچىلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، «بەزى خېرىدارلار ۋاقىتنى ئالدىن دېيىشىپ قويىدۇ، بىز خېرىدارنىڭ ۋاقتىغا ئاساسەن تاماقنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتىمىز.» جوۋ جىگاڭ مۇنداق دېدى: ئاشخانىلاردا تاماق يېيىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاشخانىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە سودا سوممىسى 5000 يۈەن ئەتراپىدا بولدى، خېرىدارلار مۇقىم كۆپىيىۋاتىدۇ.

ئاشخانىلاردا تاماق يېيىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېز تاماقخانا تۈرىدىكى ئاشخانىلاردا ئىستېمال ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 13 ئەتراپىدا، خېرىدارلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جيۇجيۇ لامىيەن باش ئاشخانىسىغا كېلىپ تاماق يېدى، يېقىن ئەتراپتا ئىشلەيدىغان ۋاڭ خۇي بىر كىشىلىك مىيەن بۇيرۇتتى، «ئىلگىرى ئىزچىل سىرتتىن تاماق بۇيرۇتۇپ كەلگەندىم، يېڭىلا قازاندىن چىققان مىيەننى يېگىنىمدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم.» ۋاڭ خۇي ئەتراپىدىكى خېرىدارلار بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ ئولتۇرۇپ تاماق يېدى.

ئاشخانا مەسئۇلى لىۋ دۈڭشۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: خېرىدارلار تەدرىجىي كۆپىيىۋاتقاچقا، ئۆچرەت تۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى، خېرىدارلارمۇ ئاڭلىق ھالدا بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاۋاتىدۇ، خېرىدارلارنىڭ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئاشخانا يېقىشلىق ھالدا WIFI، تېلېۋىزور ۋە بىر قىسىم تەشۋىقات ۋەرەقچىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاشخانىدا تاماق يېگىلى بولغاندىن سىرت، بۇ ئاشخانا يەنە توردا تاماق بۇيرۇتۇش سۇپىسىدا تاماق ساتتى، «ئاشخانىدا تاماق يېيىش بىلەن سىرتتىن تاماق بۇيرۇتۇشنىڭ ھەممىسىدە تالون نومۇرى بويىچە چاقىرىپ، كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق، ھازىر بىر كۈنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 كىشىلىك تاماق سېتىۋاتىمىز، سودا سوممىمىز 8000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ» دېدى لىۋ دۈڭشۇ.

ئاشخانىدا تاماق يېيىشنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن بىر قىسىم يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى جېۋېيشۆەن ئاشخانىسى يېڭىدىن بازارغا سالغان «يېرىم تەخسە قورۇما» شەھەر ئاھالىسى لىۋ شىنرەننىڭ دىققىتىنى تارتتى، «بۇ ئاشخانىنىڭ قورۇمىلىرى ئېسىل، مەززىلىك، ئەمما ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان ئادەم ئاز، كۆپ خىل قورۇمىلارنى بۇيرۇش ئېنىقكى ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاشخانىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى ھازىرقى ئەھۋالغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشخانىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇلۇشىمۇ بىزنى تاماق يېگەندە ناھايىتى خاتىرجەم قىلدى» دېدى لىۋ شىنرەن.

«بىز ھازىر يېمەكلىك ماتېرىياللىرىغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خام ماتېرىياللارنى ۋاكۇئۇملۇق ئوراپ قاچىلاپ، يېڭى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تاماق تىزىملىكىنى تەڭشەپ، قورۇما تۈرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتىمىز» دېدى جېۋېيشۆەننىڭ مەسئۇلى چېڭ جۈنمىن.

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تاشيول يولۇچى توشۇش تۈگۈنى —— ئۈرۈمچى خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل يولۇچى توشۇش بېكىتى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغاندى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول يولۇچىلار ترانسپورتى جەمئىي 104 مىڭ 200 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول يۈك ترانسپورت مىقدارى 1 مىليون 90 نەچچە مىڭ توننا بولغان بولۇپ، ھەممىسى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى ترانسپورت باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى خۇاڭ جىگاڭ مۇنداق دېدى: ھازىر تاشيول يولۇچىلار ترانسپورتى، يۈك توشۇش ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى كۈچى ماددىي ئەشيا ترانسپورتى بىلەن يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى - يۈك ترانسپورتى ئىزىغا چۈشتى، پويىزدا قاتنايدىغان يولۇچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، تۆمۈريول يۈك ترانسپورت مىقدارى كۈندىن - كۈنگە ئاشتى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى 2016 - يىلى 5 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيانقى 3000 - قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزنى يولغا سالدى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ترانسپورتىنىڭ نورمال قاتنىشى ئەسلىگە كەلدى، قاتار - قاتار نۆۋەتچى پويىزلار دۆلەت ئىچىدىكى تاۋارلارنى چەت ئەل بازارلىرىغا توشۇدى.

جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى 76 ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدە ئۇچۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، خەينەن ئاۋىياتسىيەسى پۈتۈن لىنىيە بويىچە پورتقا كىرىپ - چىقىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى دۆلەت ئىچىدىكى 11 لىنىيەنى ئەسلىگە كەلتۈردى ... ھەرقايسى چوڭ ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى بەس - بەستە ئۇچۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلەتتى. «يېقىنقى بىرقانچە كۈندە يولۇچى مىقدارى ھەر كۈنى 1000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىملىق سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى، ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىدا ئايروپىلان ساقلاۋاتقان يولۇچىلار ۋە ئوتتۇرا بېكەتتە ئالمىشىدىغان يولۇچىلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى» دېدى جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى يەر يۈزى مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بۆلۈمى تۈگۈن كونترول مەركىزىنىڭ خىزمەتچى خادىمى گاۋ لى تونۇشتۇرۇپ.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ شىركەتنىڭ ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىدا كۈندە پورتقا كىرىپ - چىقىدىغان يولۇچىلار ئېقىمى ئەسلىگە كېلىپ 11 مىڭ 500 ئادەم قېتىمغا يەتكەن، سېلىشتۇرما نىسبىتى 1.2 ھەسسە ئاشقان.

تور نۇقتىلىرى بىر - بىرلەپ ئېچىلىپ تىجارەت باشلىدى، تېز يەتكۈزگۈچىلەر بىر - بىرلەپ ئىش ئورنىغا قايتىپ خىزمەت قىلدى، پوسۇلكىلار بىر - بىرلەپ تېز يەتكۈزۈلدى ... قاتناش راۋانلاشتى، ئەشيا ئوبوروتى تېزلەشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت تور نۇقتىلىرى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كەسىپ مىقدارى تېز سۈرئەتتە قايتا ئۆرلىدى.

«شېنتۇڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 42 تور نۇقتىسىنىڭ ھەممىسىدە تىجارەت ئەسلىگە كەلدى، پوسۇلكىلار نورمال يەتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، ھازىر ھەر كۈنى پورتقا كىرىدىغان پوسۇلكا مىقدارى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسلىگە كەلدى» دېدى شىنجاڭ جياڭەن شېنتۇڭ ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋېي مىڭ.

# پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 572 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى ئوقۇش باشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىقتىكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىقتىكى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىللىقلىرىدىكى 572 مىڭ 900 ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسى ئەسلىگە كېلىپ، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنى كۈتۈۋالدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، تولۇق 3 - يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى دەرس — «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىدىن مۇداپىئەلىنىش - قوغدىنىش ساۋاتلىرى لېكسىيەسى»نى ئاڭلىدى. دەرسخانىدا، سىنىپ مەسئۇلى يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلارنى يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تەسىرگە ئىدراكىي قاراپ، ئېنېرگىيەگە تولغان ھالەتتە ئۆگىنىشكە كىرىشىشكە يېتەكلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋۇ شياۋلىڭ مۇنداق دېدى: «مەكتىپىمىز سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى سانىنى ئازايتىپ دەرس ئۆتۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، توردا ئوقۇتۇش بىلەن دەرسخانىدا ئوقۇتۇشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ».

ئىگىلىنىشچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي قوماندانلىق قىلغان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەر «دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، بىر مەكتەپكە بىر تەدبىر قوللىنىش، نۇقسانسىز بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەر ۋىلايىتى كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ پۈتۈن ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر، مەكتەپلەردىكى غوللۇق كۈچلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرى بويىچە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ، «ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى دەرس»تىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق تەربىيەلەپ، تولۇق قاپلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان؛ ئوقۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئالتاي ۋىلايىتى مەكتەپ ئوقۇش باشلاشتا ئېھتىياجلىق ساقچى كۈچلىرى ۋە تېببىي خادىملارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى ئېغىزدىلا پۈتۈن مۇساپىلىك مانېۋىر ئېلىپ بېرىشنى باشلاپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پىسخىكىلىق «يۇقۇم»دىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سىجىل ھالدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئائىلە باشلىقلىرى قاتارلىقلارنى ھەقسىز پىسخىكىلىق ياردەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

ئاپتونوم رايون مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، لايىھەنى ئىلمىي تۈزۈشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىنچىكە، دەل جايىدا ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.